## 21730 ـ قىز-خانىملارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىكى ئورنى

### سۇئال

قىز-خانىملارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشى توغرىسىدا قانداق قارايسىلەر؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

قىز-خانىملارنىڭمۇئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەشتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك ئەمەلدە ئەرلەرگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ تېكىستلىرى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلادىنى ئالىملارنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قارىشى روشەندۇر.

قىز-خانىملارنىڭمۇ ئەرلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغان شەرئى ئەدەپلەر بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلىشى قاتارلىق ئىشلار زۆرۈر بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت ئۇنى باشقىلار ئايال دەپ كۆزگە ئىلمىسىمۇ، مەسخىرە قىلسىمۇ، زاڭلىق قىلسىمۇ، دەشنام قىلسىمۇ سەۋىرسىزلەنمەستىن، ئارتۇق بىئارام بولماستىن، دەۋەتتىن سۇسلىشىپ قالماسلىقى كېرەك، بەلكى بۇ ئازار-كۈلپەتلەرگە چىداپ سەۋر قىلىپ دەۋەتتى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا دەۋەتچىلىك يولىغا ئاتلانغان ھەرقانداق ئايال، ئىپپەتلىك ۋە ھىجابلىق بولۇشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى، يات ئەرلەردىن ۋە ئۇلارغا ئارىلىشىشتىن يىراق بولۇشى لازىم. ئومۇمەن دەۋەت جەريانىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ئۆزىدەسادىر بولۇپ قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر ئەرلەرگە دەۋەت يەتكۈزۈش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۇلاردىن بىرەر كىشى بىلەن خالى تۇرماستىن بەلكى تولۇق ھىجاب بىلەن ئومۇمغا دەۋەت قىلىش لازىم. ئاياللارغا دەۋەت قىلغاندا ئۇلارغا ھېكمەت بىلەن سۆز قىلىش، ئېسىل-ئەدەپ، گۈزەل ئەخلاقتا ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.شۇنداقلا كىشىلەرنى پىتنىگە تاشلايدىغان كىيىم ـ كېچەكلەردىن ساقلىنىش، گۈزەللىكنى ئاشكارا قىلىش، نازلىنىپ سۆزلەش قاتارلىق ئۆزگە ئىنكار قىلىنىدىغان ۋە پىتنىگە سەۋەپ بولىدىغان بارلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. بەلكى ئۆزىنىڭ دىنى ۋە يۈز ئابرۇيىغا زىيىنى يەتمەيدىغان يوللار بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.